شىنجاڭ گېزىتى

新疆日報

2020- يىل 12- ئاي
29
سەيشەنبە
维吾尔文 12 月29日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报社出版
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25290- سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12- ئاينىڭ 28- كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12- ئاينىڭ 28- كۈنى كەچتە رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن تېلېفونلاشتى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئۆزئارا يېڭى يىللىق سالام يوللىدى ھەم جۇڭگو- رۇسىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ يېڭى يىلنىڭ خۇشال- خۇرام ئۆتۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. (ئاخىرى 2- بەتتە)

شى جىنپىڭ بوسنىيە- گېرتسېگوۋىنا ھەيئەت رىياسىتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىسى دودىكقا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12- ئاينىڭ 28- كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12- ئاينىڭ 28- كۈنى بوسنىيە- گېرتسېگوۋىنا ھەيئەت رىياسىتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىسى دودىكقا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، دودىكتىن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى سەۋەبلىك ھال سورىدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى ھەم بوسنىيە- گېرتسېگوۋىنا خەلقىنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى بۇرچ- ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىكى ئىقتىدار ۋە سەۋىيەنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە «پارتىيەنىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدا»نى چوڭقۇر ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۆ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتىنى پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتىنى چۆرىدەپ بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئېلان قىلىپ، پارتىيەمىزنىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتىگە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشىنى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. «پارتىيەنىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدا»دا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى قارىشى، يېڭى ھۆكۈمى مەركەزلىك نامايان قىلىنغان بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەشۋىقات- ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نوپۇزلۇق ئەسەر. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، (ئاخىرى 2- بەتتە)

كۇچا چوڭ نېنىدىكى بېيىش دەستۇرى

5- ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىر ۋاڭ جيەنچياڭ

«نان پىشتى!» 12- ئاينىڭ 28- كۈنى سەھەردە، كۇچا شەھىرىنىڭ ئۇچا بازىرى ئۈچىنچى ئۇچا كەنتىگە جايلاشقان سايىبويى چوڭ نان شەھەرچىسىدە مەززىلىك نان ھىدى ئىچىدە بىر كۈنلۈك قاينام- تاشقىنلىق باشلاندى. روزى توختى قاتارلىق ناۋايلار ياققان تۇنجى تونۇر نان ھېلىلا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئاپتوموبىلىدا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، نان سېتىۋالغىلى كەلگەن دېھقانلار ئىككىنچى تونۇردىكى ناننى ساقلاۋاتاتتى.

سېختىنا، نان راسلاۋاتقان ئەينىسەم بارات كۆز ئالدىدىكى قاردەك ئاپئاق ئۇن، سۈزۈك سۈيىغى، ئالتۇن رەڭلىك كۈنجۈت، قىپقىزىل لازا، قېنىق بىنەپشە رەڭلىك مۇرابا قاتارلىق يېمەكلىك ماتېرىياللىرىدىن ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى نانلارنىڭ يېقىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بەخت ۋە مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «كۇچا چوڭ نېنى بۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى جانلاندۇردى، دېھقانلارنىڭ نانچىلىق كەسپىگە تايىنىپ پۇل تېپىش يوللىرى بارغانسېرى كۆپەيدى».

كۇچا شەھەرلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر- يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ ئۈچىنچى ئۇچا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1- شۇجى ۋاڭ شىرۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل خىزمەت ئەترىتىمىز 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ، سايىبويى چوڭ نان شەھەرچىسىنى قۇردى، ئۇچا بازىرىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ نان يېقىش بايلىقى بىرىكتۈرۈلۈپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، بىرتۇتاش باشقۇرۇلۇپ، بىرتۇتاش تىجارەت قىلىنىدۇ.

ناننى كەسپلەشتۈرۈش ئېلىپ كەلگەن بىۋاسىتە ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، سېتىلىش مىقدارى ئاشتى، تۈرى كۆپەيدى، قوبۇل قىلىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار كۆپەيدى، كىرىم ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۈچىنچى ئۇچا كەنتى ھەم (ئاخىرى 2- بەتتە)

تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرەيلى

—— ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قىيىنچىلىق، مەسىلىلەرگە توغرا قاراش، ۋەزىيەتنى توغرا ئىگىلەش ئاساسىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن نىشان- ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. «13- بەش يىل» پات ئارىدا تاماملىنىدۇ، «14- بەش يىل»نىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىدۇ، «14- بەش يىل»نى ياخشى باشلاپ، ئەلا نەتىجىلەر ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشتا، جەزمەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىپ، تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ئەسلىگە كېلىشى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

كېلەر يىلى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە مۇھىم بىر يىل بولۇپ، «14- بەش يىل»نى باشلاش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى ئېچىشتا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. بىز قىممەتلىك ۋاقىت كۆزنىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق «14- بەش يىل»نى ياخشى باشلىشىمىز كېرەك. ئېغىر مەسئۇلىيەت ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، بۇرچ زىممىمىزدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىش يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئىلمىي، ياخشى پىلانلىشى كېرەك؛ ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممەھرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك (ئاخىرى 3- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13- نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 107- قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13- نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 107- قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا مەمۇرىي قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شىنجاڭدىكى تاش كېمىر ئىبادەتخانىلىرىنى قوغداش- پايدىلىنىشنى كۈچەيتىش، شەھەر- بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش ۋە ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان تۇرالغۇلارغا لىفت ئورنىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەمۇرىي قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى تۈزۈش ۋە ئېلان قىلىش مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇن بويىچە فۇنكسىيەسىنى ئادا قىلىشىدىكى مۇھىم ئۇسۇل. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مەمۇرىي قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى (ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قويۇق نېفىت ئېچىش تېخنىكىسى خەلقئارادىكى ئالدىنقى سەۋىيەگە يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يەنىڭ**نىڭ جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 12- ئاينىڭ 28- كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ بېكىتىش يىغىنىدا، جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى، جۇڭگو نېفىت چارلاش- ئېچىش تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو نېفىت قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، غەربىي جەنۇب نېفىت داشۆسى، جۇڭگو نېفىت داشۆسى (بېيجىڭ) بىرلىكتە تاماملىغان «كۈچلۈك تەكشىسىز ماددا قاتلىمىدىكى ئالاھىدە دەرىجىدىن تاشقىرى قويۇق نېفىتنى ئېچىش ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ھەم ئۇنى سانائەتلەشتۈرۈپ ئەمەلىي قوللىنىش» نەتىجىسى بىردەك ماقۇللانغان. باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى بۇ نەتىجە خەلقئارادىكى ئالدىنقى سەۋىيەگە يەتتى، دەپ قارىغان.

ئەلا سۈپەتلىك نافتېنلىق قويۇق نېفىت نېفىت ئىچىدىكى «سىرەك توپا» دەپ تەرىپلىنىدۇ. شىنجاڭ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ قويۇق نېفىت بايلىقى مىقدارى 1 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ، نافتېن تەركىبى 69.7%كە يېتىدىغان بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى نېفىت زاپىسىنىڭ تەكشىسىز ماددىچانلىقى كۈچلۈك، تېمپېراتۇرا بېسىمى تۆۋەن، خام نېفىتنىڭ تېمپېراتۇرىغا (ئاخىرى 4- بەتتە)

扫码下载
石榴云
客户端

天山网 www.ts.cn | 石榴云 | 新疆日報
新疆报业传媒集团



شۈنبېي 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى

12- ئاينىڭ 27- كۈنى، ئېلېكتر ئىشچىلىرى يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان 110 كىلوۋولتلۇق تۆمۈر مۇناردا مەشغۇلات قىلماقتا. شايار ناھىيەسىگە جايلاشقان غەربىي شىمال نېفىتلىكىنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى —— شۈنبېي 1- رايونى 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشى ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى. ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، غەربىي شىمال نېفىتلىكى قۇرۇلۇش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ تېخنىك خادىملىرى قۇملۇقتا 40 كۈن تۇرۇپ، فۇنكسىيەلىك تەكشۈرۈش- سىناش، ئېلېكترلىك سىناق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. ☐ تەن خۇي فوتوسى

نارات دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت ئىستىراھەت رايونلىرى قاتارىغا كىردى

شىنجاڭ ياخشى جاي

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 12- ئاينىڭ 28- كۈنى، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى 2020- يىللىق يېڭى بىر تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت ئىستىراھەت رايونلىرى تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، نارات ساياھەت ئىستىراھەت رايونى تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. بۇ، شىنجاڭدىكى تۇنجى دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت ئىستىراھەت رايونى.

نارات ساياھەت ئىستىراھەت رايونى كۈنەس ناھىيەسى تەۋەسىدە بولۇپ، تەيانشاننىڭ ئىچكىرىسى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا جايلاشقان. ئىستىراھەت رايونى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېگىز تاغ يايلىقى ساياھەت رايونى، قازاق مىللىي ئۆرپ- ئادەت رايونى، ساياھەت تۇرمۇش رايونى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ھازىر ساياھەت يولىدىن ئالتىسى بار بولۇپ، جەمئىي 132 كىلومېتىر كېلىدۇ، مەنزىرە نۇقتىسىدىن 27 سى بار بولۇپ، ساياھەت، ئىستىراھەت، سودا ئىشلىرى، ئىلمىي تەكشۈرۈش قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن بىرىكمە ساياھەت ئىستىراھەت رايونىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە، نارات مەنزىرە رايونى 2018- يىلى كۈتىۋالغان ساياھەتچى (ئاخىرى 3- بەتتە)